# ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)

**شى جىنپىڭ**

بۈگۈن بىز ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە بولغان پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتىمىز. بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلاردىن ھەم ئىقتىسادشۇناسلار بار، ھەم جەمئىيەتشۇناسلارمۇ بار. بايا مۇتەخەسسىس، ئالىملار ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كەسپ ساھەسىنى چىقىش قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات مۇھىتى، تەپەككۇر يولى، ۋەزىپىسى، تەدبىرلىرى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئىلھاملاندۇق، يىغىنغا قاتناشقان باشقا مۇتەخەسسىسلەر يازما سۆز تاپشۇردى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن. تۆۋەندە مەن ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە ئىگىلەش توغرىسىدا پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلان ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىر خىل مۇھىم شەكلى. 1953 - يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز بەش يىللىق يىرىك پىلان(پىلان)دىن 13نى تۈزۈپ يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تۈزۈپ يولغا قويۇلغىنى سەككىز بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى ياراتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات يىرىك پىلانى ھەم بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

«14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل بولۇپ، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردۇ. ھەرقانداق ئىشتا تەييارلىق پۇختا بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، تەييارلىق پۇختا بولمىسا مەغلۇپ بولىدۇ. بىز يىراقنى كۆزلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى يىرىك پىلان تۈزۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراش كېرەك. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەن كۆپ قېتىم بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دەپ ئېيتتىم. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك كۈچىيىپ، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، يەرشارىۋى كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى ئىقتىسادتىن باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن زەربىگە دۇچ كەلدى، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش يۈزبەردى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز تېخىمۇ كۆپ تەتۈر شامال، تەتۈر ئېقىملىق تاشقى مۇھىت ئالدىدا، جەزمەن بىر قاتار يېڭى خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.

دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيات مۇھىتمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ دوللارغا يەتتى، شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى 60%تىن ئاشتى، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەر توپى 400 مىليوندىن ئاشتى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكى كۆرۈنەرلىك، ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارى ئاشقان، ئىقتىساد ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ماددىي ئاساسى پۇختا، ئادەم كۈچى بايلىقى مول، بازار بوشلۇقى كەڭ، تەرەققىيات ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلەلمەيدۇ، يېزا ئىگىلىك ئاساسى تېخى پۇختا ئەمەس، شەھەر، يېزا رايون تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق بىرقەدەر چوڭ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە كەمتۈكلۈك مەۋجۇت، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتا يەنە ئاجىز تۈرلەر بار.

ئومۇمەن، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندە، دۆلەت ئىچى - سىرتى مۇھىتىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ھەم بىر قاتار يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ھەم بىر قاتار يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى، كىرىزىس بىلەن پۇرسەت تەڭ مەۋجۇت، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت بار، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بىز دۆلەت ئىچى - سىرتى چوڭ ۋەزىيەتنى دىيالېكتىكىلىق تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ئېلىپ كەلگەن يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسلارنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ يىلدىن بۇيان، مەن كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ ئېيتتىم. بۇ يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تاشقى مۇھىت ۋە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا بار بولغان ئامىل ئەۋزەللىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بازار ۋە بايلىقتىن ئىبارەت ئىككى باش سىرتتا بولغان خەلقئارا چوڭ ئايلىنىش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىدى، ھالبۇكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىرى پەسەيسە، بىرى كۆتۈرۈلۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ ئوبيېكتىپ ھادىسىگە قارىتا نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ناھايىتى كۆپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەم توغرا، چوڭقۇر پىكىر - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

2008 - يىلدىكى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشقا قاراپ ئۆزگەردى، دائىملىق تۈرلەر ئاكتىپ بالانسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن بولغان نىسبىتى 2007 - يىلدىكى 9.9%تىن ھازىرقى 1%كىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى يەتتە يىل 100%تىن ئاشتى. كەلگۈسى بىر مەزگىلدە، ئىچكى بازارنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىدۇ. بىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمالدا ئىچكى بازارغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجغا بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ھەرگىزمۇ بېكىنمە ئىچكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنى سىجىل ئۆسىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنى تەمىنلەيدىغان بازار پۇرسىتى تېخىمۇ كېڭىيىپ، خەلقئارا تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللار بايلىقىنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور تارتىش كۈچى مەيدانىغا ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇشقا تايىنىدىغان ماھىيەتلىك ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىز ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېزدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە، شۇنداقلا دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.

بىز دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان روشەن ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ۋە مۇكەممەل كەسىپ سىستېمىسىغا تايىنىپ، يېڭى تېخنىكىنى تېز سۈرئەتتە چوڭ كۆلەمدە قوللىنىش ۋە يېڭىلاش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئۆزگىچە ئەۋزەللىكنى يارىتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك. كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنى يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرىنى توپلايدىغان، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، كەسىپ، پۇل مۇئامىلە زىچ يۇغۇرۇلغان يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. ئۇل تەتقىقات يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مەنبەسى، بىز سېلىنمىنى زورايتىپ، ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇش ۋە دادىل ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىپ، پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىشىمىز كېرەك. خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىختىساسلىقلار ۋە پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە كىرگۈزۈپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور چەكتە قوزغاپ، پەن - تېخنىكا ھاسىلات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالاقىسى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. ئىسلاھات جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا 40 نەچچە يىل بولدى، دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، جەمئىيەت مۇناسىۋىتى بىلەن جەمئىيەت پائالىيىتىنى تەڭشەيدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزمى شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئۈزلۈكسىز ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھاتمۇ يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى، جەزمەن تېخىمۇ زور جاسارەت، تېخىمۇ كۆپ تەدبىر ئارقىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە - مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىز توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يولى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزاققىچە مۇقىم بولغان، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تۈزۈم مۇھىتى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. مۈلۈك ھوقۇقى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بارلىق كۈچ مەنبەسىنى تولۇق ئۇرغۇتىشىمىز كېرەك.

بەشىنچى، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھازىر، خەلقئارا جەمئىيەت ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش ئىستىقبالىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىسى يەنىلا دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەل سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈپ دۆلەت سىياسىتى، بىز سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. يەرشارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ئومۇمەن بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان دۆلەت، رايون ۋە كارخانىلار، جۈملىدىن ئامېرىكىدىكى ئىشتات، جاي ۋە كارخانىلار بولسۇن، بىز پائال ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك ئوچۇق ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، قانچە ئېچىۋېتىلگەنسېرى بىخەتەرلىككە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى شۇنچە ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۆزىمىزنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى، ئېچىۋېتىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئالماستەك يېمىرىلمەس تەننى تاۋلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئالتىنچى، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنكى مەسىلە تەرەققىي قىلمىغان ۋاقىتتىكىدىن ئاز بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ئالاقە تورى ئىنسانلارنىڭ ئالاقە شەكلىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، جەمئىيەت قارىشى، جەمئىيەت پسىخكىسى، جەمئىيەت ھەرىكىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە قانداق قىلىپ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، جەمئىيەت مۇناسىۋىتى، جەمئىيەت ھەرىكىتى شەكلى، جەمئىيەت پسىخكىسى قاتارلىقلاردىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تولۇق قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەڭپۇڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش - ھەل قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ھەم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشقا موھتاج.

بىر زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ھەم ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇشى، ھەم ياخشى تەرتىپكە ئىگە بولۇشى، ھاياتىي كۈچ بىلەن تەرتىپنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى نامايان قىلىشى كېرەك. ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش بىلەن جەمئىيەت تەڭشەش، ئاھالىلەر ئۆزى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى ھەمتۇرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەربىر جەمئىيەت ھۈجەيرىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى ئاساسىي قاتلامدا پەسەيتىپ - ھەل قىلىپ، ئىناقلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي قاتلامدا بەرپا قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىدا مەن بىرقانچە مەسىلە ھەمدە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا چېتىلىدىغان باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدىم، كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، مەن 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 28 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مەخسۇس ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى تەتقىقاتى توغرىسىدا سۆز قىلغانىدىم، يېقىندا «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا بۇ سۆزۈم ئېلان قىلىندى. ئېنگېلس: پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيەسىنىڭ «بارلىق نەزەرىيەسى سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتىن كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)